


# ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېڭ)** 2013 - يىلى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ رۇسىيە موسكۋا خەلقئارا مۇناسىۋەت شۆبىسىدە نۇتۇق سۆزلىگەندە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: «ئىنسانلار ئوخشاش بىر يەر شارى كەنتىدە ياشاۋاتىدۇ، تارىخ بىلەن رېئاللىق گىرەلەشكەن ئوخشاش بىر زامان ۋە ماكاندا ياشاۋاتىدۇ، بارغانسېرى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئۆزئارا سىڭىشكەن تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىگە ئايلىنىۋاتىدۇ».

بۈگۈنكى دۇنيادا، ئىنسانلار 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، «دۇنياغا نېمە بولدى؟ ئىنسانلار قانداق قىلىدۇ؟» دېگەن دەۋر سوئالى ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭخۇانىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۈگۈنكى دۇنيا دۇچ كېلىۋاتقان رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تىنچ مەڭگۈلۈك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو ئىدىيەسى، جۇڭگو لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نيۇ يوركتىكى باش ئىشتابىدىن جەنۋەدىكى باش ئىشتابىغىچە، بوئاۋ ئاسىيا مۇنبىرىدىن شۋېيتسارىيەدىكى داۋۇس مۇنبىرىگىچە، 20 دۆلەت گۇرۇھى باشلىقلار يىغىنىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن دۇنيادىكى پارتىيەلەر يۇقىرى قاتلام سۆزلىشىش يىغىنىغىچە... باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپلىگەن مۇھىم، زور خەلقئارا سورۇنلاردا ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئىدىيەسىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى، يەنى سۆزلىشىپ كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇپ ئورتاق بەھرىلىنىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش، ئالماشتۇرۇپ ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاققىچە تىنچ، ئومۇميۈزلۈك بىخەتەر، ئورتاق گۈللەنگەن، ئېچىۋېتىلگەن، سىغدۇرۇشچان، پاكىز، گۈزەل دۇنيا قۇرۇشنى چوڭقۇر شەرھلەپ چۈشەندۈردى.

تېخىمۇ گۈللەنگەن، گۈزەل دۇنيا قۇرۇش ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق قىممەت ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تىنچلىق، تەرەققىيات، گۈللىنىشكە ئىنتىلىشتىكى ئەڭ چوڭ ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق تەرەققىيات، سىجىل گۈللىنىش، ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ بەردى، يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، بۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھۆججەتلىرىگە كۆپ قېتىم كىرگۈزۈلۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشىپ، جۇڭگونىڭ دەۋر ئېقىمى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشىدىكى روشەن بايراقى ئايلاندى.

# دەۋرگە يۈز كېلەلەيدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېڭ)** 2014 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، ئوخشاش بولمىغان ساھەدىن كەلگەن 72 ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىسى قاتناشتى. بۇ 1942 - يىلدىكى يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن پارتىيەمىز ئاچقان ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى توغرىسىدىكى يەنە بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن.

يىغىندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئورنى، رولى ۋە مۇھىم، زور بۇرچىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار تۈپ خاراكتېرلىك، يۆنىلىش خاراكتېرلىك مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە ئىجادىي جاۋاب بېرىپ، يېڭى دەۋردە ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

«ئەدەبىيات - سەنئەت دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش بۇرغىسى بولۇپ، بىر دەۋرنىڭ قىياپىتىگە ئەڭ ۋەكىللىك قىلالايدۇ، بىر دەۋرنىڭ كەيپىياتىغا ئەڭ يېتەكچىلىك قىلالايدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم ئىشى، ئەدەبىيات - سەنئەت سېپى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم سېپى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولى تەڭداشسىز، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى نى - نى ئىشلارنى قىلالايدۇ، كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئورنى ۋە رولىنى يۈكسەك دەرىجىدە تونۇپ، ئۆزى زىممىسىگە ئالغان تارىخىي بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتنى تونۇپ، خەلقنى مەركەز قىلغان ئىجادىيەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دەۋرگە يۈز كېلەلەيدىغان تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تىرىشىپ يارىتىپ، جۇڭگو روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭگو كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن كەلگۈسىگە ئاتلىنىشىغا ئىلھام بېرىشى كېرەك.

ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغان بەش يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى سىجىل گۈللەندى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى گۈللەپ راۋاجلاندى، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە يېڭى قىياپەت، يېڭى كەيپىيات نامايان قىلىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملىدى، يىلتىزنى پەرۋىش قىلىپ، روھنى تاۋلىدى.

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىگە ئائىت سەككىز تىپىك دېلونى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىگە ئائىت سەككىز تىپىك دېلونى ئاشكارىلىدى. بۇ سەككىز تىپىك دېلو:

1. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمگەك - كادىرلار تاللاش - تارتىش كېسىم مەھكىمىسى سابىق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى چېن يۈڭدېنىڭ ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش قاتارلىق مەسىلىسى. 2007 - يىلى 10 - ئايدىن 2018 - يىلى 6 - ئايغىچە، چېن يۈڭدې شەھەرلىك ئەمگەك كاپالەت مەمۇرىي تەپتىش تارماق ئەترىتىنىڭ تارماق ئەترەت باشلىقى، شەھەرلىك ئەمگەك - كادىرلار تاللاش - تارتىش كېسىم مەھكىمىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولغان مەزگىلدە، «ئەمگەك - كادىرلار كېسىم، دېلو بېجىرىش قائىدىسى»گە خىلاپلىق قىلىپ، خىزمەت ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى توغرا ئادا قىلماي، قانۇننى ئادىل، ھەققانىي ئىجرا قىلماي، ئەمگەكچىلەرنىڭ نورمال ئەرز قىلىشىغا كۆپ قېتىم ئارىلىشىپ، توسقۇنلۇق قىلىپ، بەلگىلىمىگە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئادەم ئىشلەتكەن قىسمەن ئەمگەك كۈچى ئەۋەتىش شىركەتلىرى، قۇرۇلۇش كارخانىلىرى، چوڭ تىپتىكى سودا سارايى، تاللا بازىرى قاتارلىق ئورۇنلارنى ئىش ھەققى ماجىراسى كۆرۈلگەندە قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان سېلىپ، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلغان؛ ۋەزىپە قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، لىۇ X قاتارلىق 16 كىشىنى شىركەتتە بەلگىلىمىگە خىلاپ ئادەم ئىشلەتكەن، دېگەن جازادىن قۇتۇلۇش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئادەم ئىشلىتىش يىللىق تەكشۈرۈشىدىن قۇتۇلۇش، دېھقان ئىشلەمچىلەر ئۈچۈن ئىش ھەققى كاپالەت پۇلى تاپشۇرۇشتىن كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، جەمئىي 451 مىڭ يۈەن قىممىتىدە پۇل، بۇيۇم قوبۇل قىلغان. 2019 - يىلى 8 - ئايدا، چېن يۈڭدېغا پارتىيەدىن قوغلاش، خىزمەتتىن ھەيدەش جازاسى بېرىلدى، قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە چېتىشلىق مەسىلىسى ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

2. تارباغاتاي ۋىلايىتى شىخو شەھىرى شىخو بازىرى داچۈەن كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى گاۋ شيۇيۈنىڭ ئاممىنىڭ ئالاقىدار ئىشلارنى بېجىرىشىگە ياردەم بېرىشنى باھانە قىلىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا تاپان ھەققى ئېلىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2015 - يىلى 1 - ئايدىن 2018 - يىلى 11 - ئايغىچە، گاۋ شيۇيۈن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ سوممىلىق قەرز پۇل ئېلىشىغا ياردەم بېرىشنى باھانە قىلىپ، 23 كەنت ئاھالىسىدىن جەمئىي 115مىڭ يۈەن تاپان ھەققى ئالغان؛ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋېلىش ياردەم تولۇقلىمىسى بېجىرىشىگە ياردەم بېرىشنى باھانە قىلىپ، بەش كەنت ئاھالىسىدىن جەمئىي 25 مىڭ يۈەن تاپان ھەققى ئالغان؛ 2017 - يىلى 6 - ئايدا، 2018 - يىلى 6 - ئايدا، گاۋ شيۇيۈن ۋەزىپە قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، 591.02 مو شەخسلەر كېۋەز تېرىش كۆلىمىنى يۇقىرىغا تەكرار يوللاپ، 76 مىڭ 200 يۈەن ياردەم تولۇقلىما پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغان. بۇنىڭدىن باشقا، گاۋ شيۇيۈندە يەنە ئىنتىزامغا - قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىشتەك باشقا مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. 2019 - يىلى 9 - ئايدا، گاۋ شيۇيۈنگە پارتىيەدىن قوغلاش جازاسى بېرىلدى، قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە چېتىشلىق مەسىلىسى ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

3. ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي شەھىرى ئىنتىپاق يولى كوچا باشقارمىسى بىنخې يولى مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ سابىق شۇجىسى كۇملە ياقىيانىڭ داۋالىنىش ياردىمى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش - قۇتقۇزۇش مەبلىغىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2009 - يىلى 8 - ئايدىن 2013 - يىلى 12 - ئايغىچە، كۇملە ياقىيا ئالتاي شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ بوغالتىرى بولغان مەزگىلدە، ۋەزىپە قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، چىقىمنى ساختا مەلۇم قىلىش، تىزىملىكنى ساختا يوللاش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئاممىنىڭ داۋالىنىش ياردەم پۇلى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش - قۇتقۇزۇش ئۇن پۇلى، ياردەم پۇلى قاتارلىقلار بولۇپ جەمئىي 525 مىڭ يۈەننى ئالداپ ئېلىۋالغان ھەم ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. بۇنىڭدىن باشقا، كۇملە ياقىيادا يەنە ئىنتىزامغا - قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىشتەك باشقا مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. 2019 - يىلى 9 - ئايدا، كۇملە ياقىياغا پارتىيەدىن قوغلاش، خىزمەتتىن ھەيدەش جازاسى بېرىلدى، قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە چېتىشلىق مەسىلىسى ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

4. قومۇل شەھىرى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى شەنەن تەرەققىيات رايونى 1 - شۆبە رايونى سابىق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر ياڭ يەنمىڭنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا كۆتۈنۈش پۇلىنى ساختا مەلۇم قىلىپ كۆز بوياپ ئېلىۋېلىش مەسىلىسى. 2004 - يىلى 10 - ئايدىن 2019 - يىلى 4 - ئايغىچە، ياڭ يەنمىڭ ۋەزىپە قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، مەزكۇر شۆبە رايوندىكى پېنسىيەگە چىققان خىزمەتچى لىۇ X، تيەن Xنىڭ ئايرىم - ئايرىم 2004 - يىلى 9 - ئاي، 2008 - يىلى 12 - ئايدا ئۆلۈپ كەتكەنلىك پاكىتىنى يوشۇرۇپ، ئىككى كىشى تېخى ھايات دېگەن ساختا ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى ئويدۇرۇپ چىقىش شەكلى ئارقىلىق، ئىككى كىشىنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا كۆتۈنۈش پۇلىدىن جەمئىي 573 مىڭ 100 يۈەننى بەلگىلىمىگە خىلاپ ئېلىۋالغان ھەم ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. 2019 - يىلى 8 - ئايدا، ياڭ يەنمىڭغا پارتىيەدىن قوغلاش، خىزمەتتىن ھەيدەش جازاسى بېرىلدى، قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە چېتىشلىق مەسىلىسى ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

5. خوتەن ۋىلايىتى خوتەن ناھىيەلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسى سابىق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يۈەنجاڭى مۇتەللىپ ئابدۇغەنىنىڭ كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ نەتىجە - ئۇنۇم مائاشىنى ئىگىلىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2015 - يىلى 3 - ئايدىن 8 - ئايغىچە، مۇتەللىپ ئابدۇغەنى ۋەزىپە قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، مەزكۇر دوختۇرخانىنىڭ بوغالتىرى ئا Xنى مەزكۇر دوختۇرخانىدىكى 11 كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ 23مىڭ 700 يۈەن نەتىجە - ئۇنۇم مائاشىنى كۆز بوياپ ئېلىۋېلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ھەم بۇنىڭ ئىچىدىكى 18 مىڭ 700 يۈەننى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. بۇنىڭدىن باشقا، مۇتەللىپ ئابدۇغەنىدە يەنە ئىنتىزامغا - قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىشتەك باشقا مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. 2019 - يىلى 10 - ئايدا مۇتەللىپ ئابدۇغەنىگە پارتىيەدىن قوغلاش، خىزمەتتىن ھەيدەش جازاسى بېرىلدى.

6. ئاقسۇ ۋىلايىتى باي ناھىيەسى باي بازىرىنىڭ شەھەرلىك مەھەللە مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سابىق شۇجىسى چېن جىڭنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا خىراجەتنى سېلىق سېلىپ ئاممىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2018 - يىلى 2 - ئايدىن 2019 - يىلى 4 - ئايغىچە، چېن جىڭ كۆچەت تىكىشكە كېتىدىغان ئىش ھەققىنى يىغىشنى باھانە قىلىپ، تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەر، تىجارەتچىلەرگە 41مىڭ 100 يۈەن كۆچەت تىكىش ھەققىنى سېلىق سالغان ھەم بۇنىڭ ئىچىدىكى 23 مىڭ 600 يۈەننى ئۆز نامىدىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرى كارتىسىغا ئامانەت قويغان؛ 2019 - يىلى 1 - ئايدا، چېن جىڭ مېھىر - شەپقەت پاراۋانلىق تاللا بازىرى مەھەللىدىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىدىن ھال سوراشقا تەييارلىغان 25 ئۆلۈش گۈرۈچ، ئۇن، ياغنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا 25 مەھەللە كادىرىغا تارقىتىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەن. 2019 - يىلى 8 - ئايدا، چېن جىڭغا پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

7. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى سۇنجاچى نېرۇ بازىرى چولپان كەنتىنىڭ ئاياللار مۇدىرى ئالتىناي راماجاننىڭ ئاممىنىڭ يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش خىراجىتىنى ئىگىلىۋېلىش مەسىلىسى. 2018 - يىلى 9 - ئايدا، ئالتىناي راماجان چولپان كەنتىنىڭ يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان مەزگىلدە، ۋەزىپە قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، 40 نەپەر ئاممىدىن ئالغان 10 مىڭ 400 يۈەن يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش خىراجىتىنى ئىگىلىۋېلىپ، شەخسىي چىقىمغا ئىشلەتكەن. 2019 - يىلى 10 - ئايدا ئالتىناي راماجانغا پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

8. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى گۇچۇڭ ناھىيەسى بىلۇخۇ بازىرىدىكى شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى مەخسۇس كادىرى خې جىشيەنىڭ ئاممىنىڭ كۆتۈنۈش سۇغۇرتا خىراجىتىنى تۇتۇپ قېلىپ ۋاقتىدا يۇقىرىغا تاپشۇرماسلىق مەسىلىسى. 2016 - يىلى 11 - ئايدا خې جىشيەن بۇ بازاردىكى دوڭزىگۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى لىۇ X تاپشۇرغان 14 مىڭ يۈەن كۆتۈنۈش سۇغۇرتا خىراجىتىدىن 13 مىڭ يۈەننى ئۆز ئالدىغا تۇتۇپ قېلىپ شەخسىي چىقىمغا ئىشلەتكەن. 2019 - يىلى 4 - ئايدا، لىۇ X پېنسىيەگە چىقىشقا ئالاقىدار ئىشلارنى بېجىرىشنى كۆپ قېتىم سۈيلىگەن ئەھۋالدا، خې جىشيەن تۇتۇپ قالغان 13 مىڭ يۈەن كۆتۈنۈش سۇغۇرتا خىراجىتىنى ئاندىن يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ، لىۇ Xنىڭ كۆتۈنۈش پۇلىنى بەش ئاي كېچىكىپ ئېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەن. 2019 - يىلى 11 - ئايدا، خې جىشيەنگە پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىگە ئائىت يۇقىرىقى سەككىز تىپىك دېلو ئىچىدە ھەم ئاما بىلەن ئالاقىلىشىش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا كۈچىمىگەن، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغانلار بار ھەم ۋەزىپە قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتقان، قىسۋالغان، تۇتۇپ قالغان، خىيانەت قىلىپ ئىگىلىۋالغانلارمۇ بار، بۇ مەسىلىلەر ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىشلىق بولۇپ، ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئاجىزلاشتۇرغان، پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىغا زىت بولۇپ، جەزمەن بەلگىلىمە، ئىنتىزام، قانۇن بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى ناتوغرا ئىستىل ۋە چىرىكلىك مەسىلىلىرىگە قارشى دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى قوغداش كېرەك» دېگەن مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئاڭلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئاما ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلار، باش قاتۇرىدىغان ئىشلار، غەم قىلىدىغان ئىشلارنى زىچ چۆرىدەپ دەل جايىدا كۈچەپ، مەخسۇس تۈزەش سالمىقىنى زورايتىپ، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى قوغدىلاشتۇرۇشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، فۇنكسىيەسى، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش، ئىجرا قىلىش، ئىلگىرى سۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش رولىنى كۈچەپ جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپكە ئاساسەن، نازارەت قىلىش، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، خىيانەت قىلىپ ئىگىلىۋېلىش، ساختا مەلۇم قىلىپ كۆز بوياپ ئېلىۋېلىش، تۇتۇپ قېلىپ يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىگە ئالدىن ئېتىبار قىلىش قاتارلىق ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان چىرىكلىك مەسىلىلىرى؛ ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتا قىلىدىغانىنى قىلماسلىق، ئاستا ئىش قىلىش، قالايمىقان ئىش قىلىش قاتارلىق شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىگە قارىتا، باشتىن - ئاخىر جازالاش - ئىبرەت قىلىش يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى ساقلاپ، مەخسۇس تۈزەشنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشى كېرەك.